# مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 - نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىش ئەھۋالىنى قايتما ئىنكاس قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

سۈك داخەن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش «قاتتىق زەربە بېرىش» مەخسۇس ھەرىكىتىنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشنى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش «قاتتىق زەربە بېرىش» مەخسۇس كۈرىشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ قارا، رەزىل كۈچ بولغان «ئۈچ خىل كۈچ»كە كۈچلۈك زەربە بېرىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدە مۇھىم، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدە يەنە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى بايقالدى، ئاساسلىقى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە مەركەزنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشتا پەرق بار، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مەخسۇس كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشى، «بىر دېلودىن ئۈچ تەرەپنىڭ جاۋابكارلىقىنى تەكشۈرۈش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ھەممىدە گەۋدىلىك قالايمىقان ھادىسىلەرنى تۈزەشكە يېتەكچىلىك قىلىشى دېگەندەك جايىدا بولمىغان، تۆۋەنگە مەسئۇلىيەت بېسىمىنى يەتكۈزۈشى دېگەندەك قاتتىق بولمىغان، دېگەندەك ئەمەلىي بولمىغان، بەزى جايلار ۋە كەسىپلەر - تارماقلارنىڭ مەخسۇس كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش نەتىجە - ئۈنۈمى دېگەندەك كۆرۈنەرلىك بولمىغان، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش «قاتتىق زەربە بېرىش» مەخسۇس ھەرىكىتىنى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش خاھىشى ساقلانغان.

ئاپتونوم رايوننىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدە ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا، سۈك داخەن ئالتە نۇقتىلىق تۈزىتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، ئىدىيەۋى ئېغىشنى توغرىلاپ، تېخىمۇ يۇقىرى سىياسىي يۈكسەكلىك ئارقىلىق مەخسۇس كۈرەشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئىككىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يىپ ئۇچىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى تېزلىتىپ، زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كېڭىشىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چوڭ دېلو، مۇھىم دېلولاردا «ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى»، ئەيىبلەش، قاراپ چىقىشتىكى «قانۇن جېڭى»نى ئورتاق ياخشى قىلىش كېرەك. قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش بىلەن «مالىيە مەنبەسى ۋە يېڭى قان تولۇقلاشنى ئۈزۈپ تاشلاش»نى ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى ئۈزۈل - كېسىل ۋەيران قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى كۈچەيتىش كېرەك. كەسىپ مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ مەسىلىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇشىغا قارىتا، رەھبەرلەرنى نۇقتىغا چېتىش، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈرىگە تىزىش، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەك. تارماقلارنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇش، ئۇنىۋېرسال تۈزەش، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشتىن ئىبارەت قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش خىزمەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش كېرەك. تۆتىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇر قېزىپ ئۈزۈل - كېسىل تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇش كېرەك. «مۇھاپىزەت كۈنلۈككە زەربە بېرىش، مۇناسىۋەت تورىنى بۇزۇش»نى ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىش مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، «بىر دېلودىن ئۈچ تەرەپنىڭ جاۋابكارلىقىنى تەكشۈرۈش» سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»گە زەربە بېرىش بىلەن قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق دېلولارنى رازۋېدكا قىلىپ بېجىرىشنى بىرلەشتۈرۈپ، «بىرىنچى سەپتىكى قوش يادرو»نى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ماس قەدەمدە «مۇھاپىزەت كۈنلۈككە زەربە بېرىش، مۇناسىۋەت تورىنى بۇزۇش» كېرەك. بەشىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. كەنت ئاھالىلەر «ئىككى كومىتېت»ى نامزاتلىرىنى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش ئۆتكىلىنى ئىگىلەشنى كۈچەيتىپ، كەنت ئاھالىلەر «ئىككى كومىتېت»ىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇشىغا «قايتا قاراپ چىقىش»نى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە قالايمىقان نۇقتىلار، قالايمىقان ھادىسىلەرگە قارىتا كېسەلگە قاراپ تەدبىر قوللىنىش كېرەك. ئالتىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كەڭ دائىرىدە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىپ، باھالاشنىڭ «ئاۋاز بېرىش ئەسۋابى»نى ئاممىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، مەخسۇس كۈرەشنىڭ باشتىن - ئاخىر خەلق رايىغا ئۇيغۇن بولۇشى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىشى، خەلقنىڭ رايىغا ئېرىشىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 - نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قايتما ئىنكاس پىكرىدە، شىنجاڭنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدە قولغا كەلتۈرگەن ئىجابىي نەتىجە - ئۈنۈملىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر كۆرسىتىپ بېرىلدى، تۈزىتىش تەلىپى ۋە پىكىر - تەكلىپلەر ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن، چوڭقۇر، ئورۇنلۇق، ئەجەللىك يەرگە دەل تەگكەن بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيلىققا، قاراتمىلىققا، يېتەكلەشچانلىققا ئىگە، بىزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشىمىزنى كۈچلۈك يېتەكچىلىك ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. شىنجاڭ چوقۇم مەركەزنىڭ تەلىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، تىزىملىك بويىچە تولۇق قوبۇل قىلىپ، ھەممىسىنى تولۇق ئۆتكۈزۈۋېلىپ، قەتئىي تۈزىتىش، ئومۇمىيۈزلۈك تۈزىتىش، ئۈزۈل - كېسىل تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىكنىڭ «كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىشلار»نى پۇختا، ياخشى ئىشلەيدۇ.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، يۈكسەك ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىق، سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەركەز نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرگە قارىتا «قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ» «ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ» «تىزىملىككە توغرىلىنىپ»، مەسىلە ئېنىقلانمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىك، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش جايىدا بولمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىك، تۈزىتىش جايىدا بولمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىك، ئامما رازى بولمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىكنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، تۈزىتىش تىزىملىكىنى چىقىرىپ، تۈزىتىش نىشانى، ۋاقىت چەكلىمىسى، تەلىپى، مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بىرى تۈزىتىلسە بىرىنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ، قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېنىقلاپ تۈگىتىش، تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى تولۇق تېگى - تەكتىگىچە ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك نەتىجىلىرىنى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى، پۈتكۈل جەريانىغا تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەر جىنايىتىگە زەربە بېرىشنى قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، ئاساسىي قاتلامدىكى «چىۋىنغا زەربە بېرىش» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلىنى پۇختىلاپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تەشۋىق قىلىش - يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، زەربە بېرىش، جازالاشقا يەنىمۇ كۈچەش، پەردە ئارقىسىدىكىلەرنى چوڭقۇر قېزىپ يەنىمۇ ئۈزۈل - كېسىل تەكشۈرۈش، ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاممىۋى خىزمەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قەتئىي قوغداپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى، مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 - نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشتىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىكى مەسئۇل رەھبىرىي يولداش، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرەشكە نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىغا ماسلىشىدىغان ئەزا ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار، بەنزە ئەزالىرى ھەم مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى. ھەرقايسى ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)لەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ھەممىدە ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار شۆبە يىغىن مەيدانلىرىدا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنى پۇختا ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئىشەنچ، ئىرادىنى چىڭىتىش كېرەك. چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىدە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا دۆلىتىمىز ئىقتىسادىدا ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى - مۇقىم بولۇش، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش تەرەققىيات ۋەزىيىتى داۋاملىشىپ، تولىمۇ ئاسان بولمىغان نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلارنىڭ دانا، توغرا بولغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت توغرىسىدىكى تەھلىلى ۋە ھۆكۈمىنى توغرا ئىگىلەپ، ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، ئاساسنى چىڭىتىپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. «بەشتە چىڭ تۇرۇش»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش» سەككىز خەتلىك فاڭجېننى زىچ چۆرىدەپ، «ئۈچنى تۆگىتىش، بىرنى تۆۋەنلىتىش، بىرنى تولۇقلاش» نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، «1+3+3+ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش»نى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچىنى سىجىل چوڭقۇر قېزىپ، ئۇل ئەسلىھەلەردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش قۇرۇلۇشىنى تېز يولغا قويۇپ، يۇقىراۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، بازار تەمىناتىغا، مال باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي تۇتۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، ئىجتىمائىي چوڭ ۋەزىيەتنىڭ سىجىل مۇقىملىقىنى ساقلاپ، بازار سۇبيېكتلىرى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا يولۇققان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئۈچۈن ئىناق، مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى ئومۇمىي تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئىككىنى قوغداش»نى تۈپ پرىنسىپ ۋە باش ۋەزىپە قىلىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش نىزامى»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى تۇتقا قىلىپ، «قاتتىق» بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق باشقۇرۇش بىلەن كۆيۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە، رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن چەكلەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئەسلى مەقسەت - بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇل بولۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، باشتىن - ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كۆزىتىش - تەكشۈرۈشتە يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان نازارەت قىلىش تورى ئورنىتىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، كۆزىتىش - تۈزىتىش ۋە نەتىجىنى تەتبىقلاشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دائىملىق نازارەت قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پائال تۈردە ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيە يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 16 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىك «بىر تاختا شاھمات» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەقىقىي تۈردە ھەربىي سىياسەت - تۈزۈم ئىسلاھاتىنى ئارمىيە بىلەن يەرلىك ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى قىلىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرىكىدەكلا قوللاپ، پۈتۈن ۋەزىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لىيۇ ۋەنلۇڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى داۋاملىق پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرايلى

**□ قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر ئۆمەر سايىت**

ئېسىمدە قېلىشىچە كىچىك ۋاقتىمدا، كەنتىمىزدە ئىككى خەنزۇ ئائىلىسى بار ئىدى، بىرىنىڭ ئىسمى جاڭ خۇەمىن بولۇپ، تۈگمەن ئاچاتتى؛ يەنە بىرىنى ھەممىمىز «يۈنۇس» دەپ ئاتايتتۇق، ئۇ كۆكتات تېرىيتتى. ئاتا - ئانامنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردا كۆپ بېرىش - كېلىش قىلاتتى، ھېيت - بايراملاردا ئۆزئارا يوقلىشاتتى.

باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن چېغىمدا، ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىغا ئۈچ نېفىت بۇرغىلاش ئەترىتى كېلىپ نېفىت قۇدۇقى قازدى، ھەربىر بۇرغىلاش ئەترىتىدە 200 - 300 ئادەم بار ئىدى. بىز بىر توپ بالىلار دائىم بۇرغىلاش ئەترىتىگە بېرىپ ئوينايتتۇق، بۇرغىلاش ئەترىتى كىنو قويغاندا كەنت ئاھالىلىرىنىمۇ بىللە كۆرۈشكە چاقىرىۋالاتتى. مەن دائىم بۇرغىلاش ئەترىتىگە بېرىپ ئويناپ، بۇرغىلاش ئەترىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياخشى دوستىغا ئايلاندىم. ئۇلار ماڭا كەمپۈت قاتارلىق ئۇششاق - چۈششەك يېمەكلىكلەرنى بېرەتتى، ماڭا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ئۆگىتەتتى، مەنمۇ ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن ئۆگىنەتتىم.

مەن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ۋاقتىمدا، مەكتەپ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى دەرسىنى تەسىس قىلدى. مەن ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەندىم، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى دەرسىدىكى نەتىجەم ھەمىشە سىنىپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ۋاقتىمدا، مەن بىر خەنزۇ ساۋاقدىشىم بىلەن پارتىداش بولدۇم، مەن ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلى ئۆگەتتىم، ئۇ ماڭا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ئۆگەتتى. ئۆيۈم ناھىيە بازىرىدىن يىراق بولغاچقا، ھەپتە ئاخىرى ياكى بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە دائىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاماق يەيتتىم، يەنە بىللە ئۆگىنىش قىلاتتىم، بىز تاكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە مۇشۇنداق ئۆتتۇق. بىز بىللە ئۆگىنىش قىلىپ، بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئاكا - ئۇكىلارچە دوستلۇق ئورناتتۇق. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، بىز ئىزچىل ئالاقىمىزنى ساقلاپ كەلدۇق.

مەن داشۆنى پۈتكۈزۈپ مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزىسىغا تەقسىم قىلىنىپ، دېھقانچىلىق تېخنىكى بولدۇم، يېزىدا پەقەت بىرلا خەنزۇ ئائىلىلا بولۇپ، مەن ۋاقىت چىقىرىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردىم، بىز دائىم بېرىش - كېلىش قىلىپ دوستلارغا ئايلاندۇق، ھېيت - بايراملاردا ئۆزئارا يوقلىشىپ، بىللە تاماق يېدۇق. يېزىغا خەنزۇ كادىر كەلسە، مەن تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئالدىم، ئۇلار بىلەن بىللە ئېتىز باشلىرىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردۇم. كۆپچىلىك خىزمەتتە، تۇرمۇشتا بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ئۆگەندۇق، مېنىڭ دۆلەت ئورتاق تىلدا ئىپادىلەش ئىقتىدارىممۇ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كېيىن، يېزىغا ياڭ جۈنربن ئىسىملىك ئارمىيەدىن چېكىنگەن بىر ھەربىي كەلدى، بىز ئىككىمىز دائىم بىللە كەنتكە چۈشۈپ خىزمەت قىلدۇق. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى يوقلاپ كەلگەندە، مەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىللە كۈتۈۋالدىم. ئۇ توي قىلغاندىن كېيىن، خوتۇنۇم بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ ئاچا - سىڭىللارغا ئايلاندى. ئۇنىڭ خوتۇنى يەڭگىيدىغان چاغدا تۇغۇتى قىيىنلىشىپ، يېنىدا ھالىدىن خەۋەر ئالغۇدەك ئادەم يوق ئىدى، خوتۇنۇم ئۇنىڭ 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سېرىقبۇيا بازارلىق مەركىزىي دوختۇرخانىغا بېرىپ يەڭگىشىگىچە ھەمراھ بولدى، دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆيىمىزگە ئېلىپ كېلىپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. بىز ئىككى ئائىلە چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتۇق.

مەن 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا چەت، ياقا يېزىدا تۇغۇلغان دېھقان بالىسى، قەدەممۇقەدەم ھازىرقى خىزمەت ئورنۇمغا چىقتىم، مېنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىم پارتىيەنىڭ تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈشىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەگە سادىق بولۇش، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرىمەن. چىن قەلبىم، چىن ھېسسىياتىم، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قەتئىي قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى داۋاملىق پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرىمەن.